شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۆگىنىش تېزىسى③

# ئىككىنچى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ يۆنىلىشى

### —— يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا

## 1. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تارىخىنىڭ يەكۈنى، خەلقنىڭ تاللىشى

(15) يول تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ، يول پارتىيەنىڭ جېنى. پارتىيەمىز ۋە خەلق ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت ئىزدىنىش جەريانىدا، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدا ئۆز يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتتا ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى يارىتىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى تۈپ جەھەتتىن ئۆزگەرتتى.

پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرغاندىلا ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(16) ھەرقانچە ئەزىم دەريانىڭمۇ ھامان مەنبەسى بولىدۇ، ھەرقانچە ئېگىز ئۆسكەن دەرەخنىڭمۇ يىلتىزى بولىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس، پارتىيە ۋە خەلق مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، غايەت زور بەدەل تۆلەپ ئېرىشكەن تۈپ مۇۋەپپەقىيەت.» جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى مەزگىلىنى ياراتتى، پارتىيەمىزنىڭ 90 نەچچە يىللىق ئۇزاق مەزگىللىك كۈرىشى ئاساسىدا قۇرۇلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئىدىيەسى، نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ مەنبەسىنى تېخىمۇ يىراقتىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ قان تومۇرىنى چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۇنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكى ۋە ئىلمىي ھەقىقىتىنى تېخىمۇ تولۇق بىلەلىشىمىز، ۋاقىت ئۆلچىمىنى ئۇزارتىپ، دۇنيا سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىش تارىخىغا قويۇپ ئىگىلىشىمىز كېرەك.

سوتسىيالىزمنىڭ 500 يىلى، خىيالپەرەسلىكتىن ئىلمىيلىككىچە، نەزەرىيەدىن ئەمەلىيەتكىچە، بىر دۆلەتنىڭ ئەمەلىيىتىدىن كۆپلىگەن دۆلەتتە تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈردى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ماركس، ئېنگېلس كاپىتالىزملىق ئىقتىساد، سىياسىي، جەمئىيەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپەسى، ئەنگلىيە كلاسسىك سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىقىنى تەنقىد قىلىپ ۋە فرانسىيە، ئەنگلىيە خىيالىي سوتسىيالىزمنىڭ مۇۋاپىق تەركىبلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراش ۋە قوشۇمچە قىممەت تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە ئىلمىي نەزەرىيەۋى ئاساس سېلىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزمنى ياراتتى، سوتسىيالىزم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خىيالپەرەسلىكتىن ئىلمىيلىككە قاراپ ماڭدى. لېنىن ماركسىزمنىڭ ئاساسلىق قائىدىلىرىنى رۇسىيەنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشىپ، دۇنيادىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇردى، ئىلمىي سوتسىيالىزم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نەزەرىيەدىن ئەمەلىيەتكە قاراپ ماڭدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم سوتسىيالىزم دۆلەتلىرى مەيدانغا كەلدى، بولۇپمۇ پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونى قۇردى، ئىلمىي سوتسىيالىزم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىر دۆلەتنىڭ ئەمەلىيىتىدىن كۆپلىگەن دۆلەتتە تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ ئاساسلىق ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇزاق مۇددەت قان كېچىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلابنى تاماملاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنى ئورنىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى تاماملاپ، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ بارلىق تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن تۈپ سىياسىي ئالدىنقى شەرت ۋە تۈزۈم ئاساسىنى سېلىپ بەردى. ئىزدىنىش جەريانىدا، گەرچە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، بىراق پارتىيە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرگەن مۇستەقىل ئىجادچانلىققا ئىگە نەزەرىيە نەتىجىلىرى ۋە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى، يېڭى تارىخىي مەزگىلدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى يارىتىشنى قىممەتلىك تەجرىبە، نەزەرىيە تەييارلىقى، ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان تارىخىي يېڭى مەزگىلدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت تارىخىي تەدبىرنى چىقىرىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەننى بېكىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى بىر قاتار ئاساسىي مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ياراتتى. يولداش جياڭ زېمىن ئاساسلىق ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى دۆلەت ئىچى - سىرتى ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ، دۇنيا سوتسىيالىزمدا ئېغىر ئوڭۇشسىزلىق كۆرۈلگەن قاتتىق سىناق ئالدىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھات نىشانى ۋە ئاساسىي رامكىسىنى بېكىتىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە تەقسىمات تۈزۈمىنى بېكىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 21 - ئەسىرگە باشلاپ كىردى. يولداش خۇ جىنتاۋ ئاساسلىق ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش مۇساپىسىدە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلقنى مەركەز قىلىش، ئومۇميۈزلۈك، ماس، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېڭى تارىخىي پەللىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي يېڭى ئورنى، دەۋر يېڭى ئۆزگىرىشى، ئەمەلىيەت يېڭى تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ، ھازىرقى دەۋر ۋە ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم، زور نەزەرىيەۋى ۋە رېئال مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەدبىرىنى بېكىتىپ، ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى مەركەزلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولدى.

(17) پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى، بۇنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى دەپ ئىككى تارىخىي مەزگىلى بار. بۇ ئىككىسى ئۆزئارا باغلىنىشلىق ھەم زور پەرقى بار مەزگىل، لېكىن ماھىيەتتە ھەممىسى پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىدىكى ئەمەلىيەت ئىزدىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە شارائىت تەييارلاپ بەردى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكىنى داۋاملاشتۇرغانلىق، ئىسلاھ قىلغانلىق، تەرەققىي قىلدۇرغانلىق. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى تارىخىي مەزگىلدىن پايدىلىنىپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى تارىخىي مەزگىلنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى تارىخىي مەزگىلدىن پايدىلىنىپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى تارىخىي مەزگىلنى ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىككى تارىخىي مەزگىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش بىر تارىخىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى بىر سىياسىي مەسىلە. بۇ مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلە ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئېغىر سىياسىي ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ. توغرا تارىخ قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەم تارىخنى ئۈزۈۋەتمەي، ھەم تارىخنى مەۋھۇملاشتۇرمەي، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى ھەرگىز يوقىتىپ قويماسلىق، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇەتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشىدە قەتئىي تەۋرەنمەسلىك كېرەك.

(18) ھازىرقىغا قاراپ ئۆتمۈشتىكىنى ئەسلىسەك، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 40 نەچچە يىللىق ئۇلۇغ ئەمەلىيەت جەريانىدىن كەلگەن، پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئېلىپ بارغان 90 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت جەريانىدىن كەلگەن، يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ خارابلىشىشتىن گۈللىنىشكىچە بولغان 170 نەچچە يىللىق تارىخىي مۇساپىسىدىن كەلگەن، دۇنيا سوتسىيالىزمنىڭ 500 يىللىق ھەيۋەتلىك تارىخىي مۇساپىسىدىن كەلگەن، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىگە 5000 نەچچە يىللىق ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىن كەلگەن. دۇنيا سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مەنبەسى ھەم ئۇنىڭ ئۆزگىرىش مۇساپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساق، پارتىيەمىزنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش مۇساپىسىدە، قانداق قىلىپ قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇش ۋە يەكۈنلەش ئارقىلىق تارىخىي ھالدا ماركسىزمنى تاللىغانلىقىنى، سوتسىيالىزم يولىنى تاللىغانلىقىنى ئېنىق بىلەلەيمىز؛ قانداق قىلىپ ماركسىزمنىڭ ئاساسلىق قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدا ئۆز يولىدا مېڭىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يارىتىش، تەرەققىي قىلىشتىن مۇكەممەللىشىشكىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۆتۈۋالغانلىقىنى ئېنىق بىلەلەيمىز.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيە مەنتىقىسى ۋە جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىي مەنتىقىسىنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ دەۋرگە يېتىشىۋېلىش، دەۋر تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش داغدام يولىدا چوڭ قەدەملەر بىلەن مېڭىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ بايرىقى، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ بايرىقى، غەلىبە بايرىقى بولۇپ، جەزمەن ھەسسىلەپ قەدىرلەش، ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش، مەڭگۈ تەۋرەنمەسلىك كېرەك.

## 2. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم سوتسىيالىزم، قانداقتۇر باشقا مەسلەك ئەمەس

(19) باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ھەم ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىسىدە چىڭ تۇردى، ھەم دەۋر شارائىتىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا روشەن جۇڭگو ئالاھىدىلىكىنى قوشتى. بۇ دېمەك، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم سوتسىيالىزم، قانداقتۇر باشقا مەسلەك ئەمەس دېگەنلىكتۇر».

بىر دۆلەتنىڭ قانداق مەسلەكنى يولغا قويۇشىدا، مۇھىمى بۇ مەسىلەنىڭ مۇشۇ دۆلەت دۇچ كەلگەن تارىخىي تېمىنى ھەل قىلىش - قىلالماسلىقىغا قاراش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى نامرات، ئاجىز، ھەممە ئادەم خالىغانچە تالان - تاراج قىلىدىغان مەزگىلدە، تۈرلۈك مەسلەك ۋە ئىدىيە ئېقىمىنىڭ ھەممىسى سىناپ باققان، كاپىتالىزم يولىدا مېڭىۋېدى ئاقمىدى، ئىسلاھاتچىلىق، لىبېرالىزم، سوتسىيال داروىنىزم، ئانارخىزم، پراگماتىزم، نارودنىكلىق، سىندىكالىزم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «ھوقۇق ئالمىشىشى»دىن باشقا نەرسە بولمىدى، لېكىن ھەممىسىلا جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى جۇڭگو خەلقىنى باشلاپ قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتقۇزۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم جۇڭگونى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇردى.

«ئاياغنىڭ پۇتقا ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى كىيىپ باققاندىلا بىلگىلى بولىدۇ.» يولدا قانداق ماڭغانلىقىمىزغا، ئاخىردا ئەمەلىيەت جاۋاب بېرىدۇ، خەلق باھا بېرىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، بىز بىرقانچە ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر نەچچە يۈز يىلدا ماڭغان سانائەتلىشىش مۇساپىسىنى مېڭىپ تۈگەتتۇق، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇردۇق، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدۇق، دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدۇق، جۇڭخۇا مىللىتى يېپيېڭى قىياپەت بىلەن دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈردى. ئەمەلىيەت: جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتقان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، جۇڭگو ۋە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلەش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ يولدا ماڭالىدۇق، توغرا ماڭدۇق، ياخشى ماڭدۇق.

(20) يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى بەزى ئاممىۋى پىكىر ئېقىمىدا جۇڭگونىڭ ھازىر شۇغۇللىنىۋاتقىنى زادى سوتسىيالىزممۇ ئەمەسمۇ دەيدىغان گۇمان ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بەزىلەر «كاپىتال سوتسىيالىزم» دېيىشتى، يەنە بەزىلەر ئۇدۇللا «دۆلەت كاپىتالىزمى»، «يېڭى بيۇروكرات كاپىتالىزم» دېدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تامامەن خاتا.

بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى سوتسىيالىزم دېدۇق، ئۇ بولسىمۇ مەيلى قانداقلا ئىسلاھات ئېلىپ بارايلى، قانداقلا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويايلى، ھەممىدە باشتىن - ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزملىق يول، نەزەرىيە، تۈزۈم، مەدەنىيەتتە چىڭ تۇردۇق، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردۇق. مانا بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەۋقەنى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بارلىق خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇرۇپ، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت تۈپ سىياسىي تۈزۈم، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمى، مىللىي رايونلار ئاپتونومىيە تۈزۈمى ھەمدە ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونومىيەسى تۈزۈمى قاتارلىق ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇن سىستېمىسىدا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىقتىساد ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش؛ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئىلمىي سوتسىيالىزم ئاساسىي قائىدىسىنىڭ مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەگەر بۇلارنى يوقىتىپ قويسا، ئۇنداقتا ئۇ سوتسىيالىزم بولماي قالىدۇ.

بىر ياخشى يولنى تېپىش ئاسان ئەمەس، بۇ يولدا ياخشى مېڭىش تېخىمۇ ئاسان ئەمەس. ئىلگىرى، بىز ئەسلىي پېتى كۆچۈرۈپ كەلگەن، شۇنداقلا باشقىلارنى دورىغان، بەزىدە گاڭگىراپ قالغان، يەنە ئوڭۇشسىزلىقمۇ بولغان، ھەربىر قېتىملىق تامغا ئۇسۇۋېلىش، ھەربىر قېتىملىق ئويغىنىش، ھەربىر قېتىملىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ھەربىر قېتىملىق بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق، ئاخىردا جۇڭگوچە سوتسىيالىزملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك يولدا ماڭدۇق. ھازىر، بەزى كىشىلەر بۇ يولنى، ئۇ يولنى غۇلغۇلا قىلىۋاتىدۇ، بەزىلەر كونا يولغا قايتۇرۇپ كېلىشنى ئويلاۋاتىدۇ، بەزىلەر ناتوغرا يولغا باشلاشنى ئويلاۋاتىدۇ؛ بەزىلەر ئىدىيەۋى تونۇشتا خاتا رايونغا كىرىپ قالدى، بەزىلەرنىڭ بولسا باشقىچە غەرىزى بار.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ يولنى بىز توغرا تاپقان ئىكەنمىز، مۇقىملاشتۇرغان ئىكەنمىز، جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەي داۋاملىق مېڭىشىمىز كېرەك. باشتىن - ئاخىر سەگەكلىكنى، قەتئىيلىكنى ساقلاپ، كۈچلۈك ئىلگىرىلەش ئىرادىسىنى ساقلاپ، ھەم بېكىنمە، قاتمال كونا يولدا ماڭماي، ھەم بايراقنى ئالماشتۇرىدىغان ناتوغرا يولدا ماڭماي، ھەرقانداق خەۋپ - خەتەردىن قورقۇپ قالماي، ھەرقانداق كاشىلىدىن قايمۇقۇپ قالماي، ھەقىقىي تۈردە «كۆرمىگەن جاپا - مۇشەققەت، زەربىلەرگە ئەگمىدۇق باش، سوقسىمۇ بوران - چاپقۇن، ھېلىھەم تۇردۇق مانا ياپياش.» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

## 3. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى

(21) پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى شەكىللەندۈردى ھەم بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى شەكىللەندۈردى ھەم ماس ئالغا سىلجىتتى. «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ھەمتۈرتكە بولىدۇ، بۇ پۈتۈن ۋەزىيەتتىن يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يىرىك پىلانى ۋە ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بېكىتتى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى، پارتىيەمىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇش قانۇنىيىتىنى ئەمەلىيەت ۋە تونۇش جەھەتتە ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرغانلىقىنىڭ مۇھىم نەتىجىسى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئەمەلىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ماددىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىكتىن ئىبارەت «ئىككى مەدەنىيلىك»تىن ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش»، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت «تۆتنى بىر گەۋدە قىلىش»قىچە، يەنە «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش»قىچە، بۇ مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش بولۇپ، يەنە تەرەققىيات ئىدىيەسى ۋە تەرەققىيات شەكلىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى ئېلىپ كەلدى. «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش»نىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش، بىر - بىرىدىن ئايرىلالماسلىق، ئورتاق ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىدىكى بىر پۈتۈن گەۋدە خاراكتېرلىك نىشان، تەلەپ بويىچە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ئۆزئارا ماسلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى، ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

(بېشى 6 - بەتتە)

(13) دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىگە نۇرغۇن يېڭى تەلەپ قويىدى. تەرەققىياتنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش ئاساسىدا، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي، ئېكولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەردە كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىشىگە تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇش كېرەك.

دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت ئۆزگىرىشى بىزنىڭ دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمى تۇرۇۋاتقان تارىخىي باسقۇچقا بولغان ھۆكۈممىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ھېلىھەم سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ۋە ئۇزاققىچە تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ئۆزگەرمىدى، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلىك خەلقئارا ئورنى ئۆزگەرمىدى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى پۇختا ئىگىلەش، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەتتە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرۇش، پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە پۇختا چىڭ تۇرۇشتا، ھەم دەۋرنىڭ كەينىدە قالماسلىق، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، باسقۇچلاردىن ھالقىپ كەتمەسلىك كېرەك.

(14) يېڭى دەۋر كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ دەۋرى. يېڭى دەۋر ھەربىر كىشىگە مەنسۇپ، ھەربىر كىشى يېڭى دەۋرنىڭ گۇۋاھچىلىرى، ياراتقۇچىلىرى، قۇرغۇچىلىرى.

بۈگۈن، بىز «دەۋرگە يېتىشىۋېلىش»تىن «دەۋرنى يېتەكلەش»تەك ئۇلۇغ ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەڭگۈ بوشىشىپ قالمايدىغان روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىياپىتىمىز بىلەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا ئىلگىرىكىدەكلا چىڭ تۇرساق ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرساق، پارتىيە قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرىكىدەكلا ئالغا سىلجىتساق، كۆلپەت ئېڭى، خەۋپ - خەتەر، خىرىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ئىلگىرىكىدەكلا كۈچەيتسەك، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابتا يېڭى ۋەزىيەت ئېچىپ، ئۇلۇغ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشتا كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، بىپايان دۆلەت زېمىنىدا 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ كۈرىشىنىڭ تارىخىي يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق پۈتەلەيمىز.

**(«خەلق گېزىتى»نىڭ 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان)**